# رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلاغ ئۈستىدە ئالدى قايسى تەرەپكە بولسۇن نەپلە نامازنى ئوقۇۋېرەتتى، پەرز ئوقۇماقچى بولغاندا ئۇلاغ ئۈستىدىن چۈشۈپ، قىبلىگە قاراپ ئوقۇيتتى

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلاغ ئۈستىدە ئالدى قايسى تەرەپكە بولسۇن نەپلە نامازنى ئوقۇۋېرەتتى، پەرز ئوقۇماقچى بولغاندا ئۇلاغ ئۈستىدىن چۈشۈپ، قىبلىگە قاراپ ئوقۇيتتى

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [بۇخارى"سەھىھۇل بۇخارى"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەپەر ئۈستىدە بولغاندا ئۇلاغ ئۈستىدىن چۈشمەيلا نامازنى ئوقۇۋېرەتتى، ئىبنى ئۆمەر ۋە باشقىلار رىۋايەت قىلغان ھەدىس بۇنى كۆچلەندۈرىدۇ، بۇ ھەدىسنى بۇخارى مۇنداق رىۋايەت قىلغان: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۆگە ئۈستىدە تۇرۇپ، تۆگىسى مەيلى قىبلە تەرەپكە ۋە ياكى باشقا تەرەپكە يۈزلەنسۇن، نامىزىنى ئوقۇۋېرەتتى. ئەگەر پەرز ناماز، يەنى بەش ۋاق نامازنىڭ بىرى بولسا ئۇلاغدىن چۈشۈپ، قىبلىگە قاراپ ئوقۇيتتى. ئىبنى ئۆمەر رىۋايەت قىلغان ھەدىستە: «رەسۇلۇللاھ پەرز نامازنى ئۇلاغ ئۈستىدە ئوقۇمىغان» دەپ كەلگەن، بۇ بىرلىككە كەلگەن ھەدىستۇر. پەرز نامازنى زېمىن ئۈستىدە تۇرۇپ ئوقۇش كېرەك، پەقەت يامغۇر ياكى دۈشمەن قورقۇنچىسىدەك شەرئى ئۆزرىلەردە، بولۇپمۇ ۋاقتى ئۆتۈپ كېتىشتىن ئەنسىرىگەندە ئۇلاغ ئۈستىدە، كېسەللىكتە كارۋات ئۈستىدە ئوقۇسا بولىدۇ، بۇنى شەرىئەتنىڭ ئاسانلاشتۇرۇش، يېنىكلىتىش، بۇ ئۈممەتتىن جاپانى كۆتۈرۈۋېتىشكە ئالاقىدار دەلىللەرنى تەكىتلەيدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ: «ئاللاھ ھېچكىمنى تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايدۇ» ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ: «مەن سىلەرنى بىر ئىشقا بۇيرۇسام كۈچۈڭلەرنىڭ يېتىشىچە قىلىڭلار» دېگەن سۆزلەر ئۇنىڭ دەلىللىرىدۇر

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/10643